سىلىتىمىز تۈرك — بىنىمىز ئىسلام
ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان
1993- يىلى 7- ئاي (2- سان)

# شەرقى تۈركىستان ياشلىرى

ئايلىق سىياسىي گېزىت
AYLIK SİYASİ GAZİTE

# Doğu Türkistan Gençleri

## تارىخىي ئۇچرىشىش




1993- يىلى 7- ئاينىڭ 3- كۈنى، شۋېتسارىيەدىكى تىببەتلەر پائالىيەت مەركىزىدە، تىببەتلىكلەرنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي داھىسى دالاي لامانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە، شۋېتسارىيەدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مىڭدىن ئارتۇق تىببەتلىك، شۋېتسارىيە ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى ھەمدە خەلق ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، شۇنداقلا شەرقى تۈركىستان، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋەكىللىرى قاتناشتى. شەرقى تۈركىستان تەرەپتىن بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلار ئىچىدە، شەرقى تۈركىستان مىللىي ھەركىتىدىكى ئاساسلىق پائالىيەتچىمىز ئەركىن ئالپتېكىن، ياش پائالىيەتچىلىرىمىزدىن ئەنۋەر راخمان، ئۆمەر قانات، كېرەم شېرىپلار بار. پائالىيەت جەريانىدا، ئەركىن ئالپتېكىننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئەنۋەر راخمان قاتارلىق ياشلىرىمىز، تىببەت ياشلار قۇرۇل- تىيىنىڭ رەئىسى ھەمدە ئىچكى موڭغۇلىيە ياشلار ھەركىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن رەسمىي يوسۇندا كۆرۈشتى، كۆرۈشۈش داۋامىدا، شەرقى تۈركىستان تەرەپ، ئۈچ تەرەپ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەمكار- لىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ تەرەپ ياشلار قۇرۇلتىيىنى ئېچىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى، تىببەت، ئىچكى موڭغۇلىيە تەرەپ بۇ تەكلىپكە قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى.

ئۈچ تەرەپ ياشلار ۋەكىللىرى بىردەك ھالدا مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئۈچ تەرەپ ياشلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىش — بۇندىن كېيىن ئۈچ تەرەپنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى!

ۋەتەندىن كەلگەن خەت :

## "قانلىق فاجىئە"

شەرقى تۈركىستاننىڭ دۇنيا تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى يارات- قانلىقى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك، جۇلالىق جاۋاھىراتلارنى قوشقانلىقى ھەممىگە ئايان. بىراق، ئوتتۇرا ئەسىر- دىكى بۇ مەدەنىيەت ئوچىقىنىڭ چىن كوممۇنىستلىرى زۇلمى ئاستىد- ىكى بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى بولسا دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېنىقچە ئەمەس! باسمىچى چىن مۇزۇلمىتى بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈك- ىنىڭ مول يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقى بىلەن دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى! شەرقى تۈركى- ستان خەلقى بولسا، شۇ مول بايلىقى بەدىلىگە خورلۇق، ھاقارەت، جەۋرى- جاپا، ئېغىر زۇلۇم ۋە ۋەھشىيانە باستۇرۇشلار بىلەن تارتۇق- لاندى. باسمىچى چىن خىتايلىرى ئەشۇ مول بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش مەقسىتىدە، «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش» نىقابى بىلەن، ئىچكىرى قىزىل چىندىن كۆپلەپ خىتاي يۆتكەش، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە مەجبۇرى «تۇغۇت چەكلەش قانۇنى» (ئەمەلىيەتتە ۋەھشىلەر ئادەم ئۆلتۈرۈش قانۇنى) چىقىرىش ۋە بېسىم ئىشلىتىشتەك تۈلۈك ھىلە- مىكىر، سۈيىقەستلەرنى قوللىنىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنى قىرماقتا. سودا- تىجارەتچىلىرىمىزنى ئېغىر باج قويۇش، ئىچكىرى قىزىل چىندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا «ئىئانە» توپلىتىش، ھەتتا سودا بازارلىرىغا ئوت قويۇش ۋاستىلىرى بىلەن زىيانغا ئۇچراتماقتا. دېھقان- چارۋىچىلىرىمىزغا ئۈستىلەپ ئالۋاڭ- ياساق قويۇش، سەرەتان ئىسسىق ۋە زىمىستان سوغۇقلاردا ماشارغا سېلىش چارىلىرى بىلەن ئەزمەكتە! بىگۇناھ ياشلىرىمىزنى بولسا، چۈشىگىمۇ كىرمىگەن «جىنايەت» لەرنى ئارتىپ تۈرمىگە قا- ماش، ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئېغىر ئەمگەك بىلەن جازالاش ۋە ھەتتا ياۋۇزلارچە ئۆلتۈرۈشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن باستۇرماقتا!!!

(داۋامى 2- بەتتە)

# 哈薩克受中共核污染

事情的發現很具戲劇性——
外，一棵老樹倒下壓了一個


FUAT HUDAVERDİ

(سۈرەتتە : خوتەن كوچىلىرىدىكى سەرگەردان بالىلار)



## قازاقىستان لوپنۇرنىڭ قۇربانى

لوپنۇر، قىزىل چىننىڭ ئاتوم سىناق قىلىش مەيدانى بولۇپ، بۇ جاي پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان نىشانىدۇر. ئەمما چىن تەرەپ بۇ جايدىكى خەۋەرلەرنىڭ سىرتقا تارقىلىشىنى قاتتىق كونترول قىلغاچقا، لوپنۇردىكى يادرولۇق بۇلغىنىش توغرىسىدىكى 1- قول ماتېرىيال ناھايىتى ئاز ئاشكارىلىنىدۇ. ئەمما شەرقى تۈركىستانغا چېگرىلى- نىدىغان قازاقىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىدە يادرولۇق بۇلغىنىشنىڭ ئالامەتلىرىنى ناھايىتى روشەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. قازاقىستاننىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا زىرائەتلەر ۋە يېمىشلار غېرىپ قۇرۇپ كەتكەن، يەرلىك كىشىلەر بولسا، شەرقى تۈركىستاندا كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاتوم سىنىقىنىڭ تەسىرى دەپ قارىماقتا.

يېقىندا، روسىيەنىڭ «ھەقىقەت» گېزىتىدە پاش قىلىنغان قازاقس- تاننىڭ پايتەختى ئالمائاتىنىڭ يادرولۇق بۇلغىنىشقا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە كىشىلەرنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. ئۆتكەن يىلى ئالمائاتادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى يەرمەنكىسى مەيدانىنىڭ سىرتىدا بىر تۈپ كونا دەرەخ بولۇپ، دەرەخنىڭ تۈۋىدىن بىردىنلا يەرمەنكىدىكى ئۆتۈپ چىققان، بۇنداق يەرمەنكىنى كىشىلەردە ئىم تېرىپ، بازارغا

داۋامى 4- بەتتە

# شانلىق تارىخى سەھىپىلەر



ئەيسا ئەفەندىم ئامېرىكا پارلامېنتىدا (1971-يىل)



ئەيسا ئەفەندىم، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىلەن بىللە





مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئەفەندىم باغداد خەلقارالىق يىغىنىدا.



ئەمىر نۇر مۇھەممەدجان بۇغرا.



ئەمىر ئابدۇللا بۇغرا.



قەشقەرىيە دەۋلىتى سۇلتانى ياقۇپ بەگ.



مەرھۇم خوجا نىياز ھاجى



B. O. Bungle
Kashgar
H. B. M. Consul-General

Passeport No......

| | | |
|---|---|---|
| Identité | Nom | |
| | Nom du pere | |
| | Résidence | |
| | Profession | |
| | Lieu de naissance | |
| | Nationalité | |
| | Destination | |
| Description | Age | |
| | Taille | |
| | Yeux | |
| | Barbe et moustache | |
| | Signes distinctifs | |

Le présent passeport procure à son porteur Pendant son voyage et son arrêts L'aide et la protection des officiers civils et militaires des etats amis ou alliés de La Charque Torkistan.

Fait .......

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى پاسپورتى.



# ۋەتەن

— مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا

ئۇلۇق يۇرتۇم، ئەزىز يۇرتۇم سېنى جاندىن سالالايمەن،
بۇ خەستە كۆزلىرىمنى ھەم، تۇپرىقىڭغا داۋالايمەن،
ماۋايىڭ بىرلە قايغۇدىن يۈرەكىمنى ئادالايمەن،
ئۇلۇق يۇرتۇم، ئەزىز يۇرتۇم سېنى جاندىن سالالايمەن.

ئۇ كۈن مەن تۇپرىقىڭدىن ئاھ ۋە قان ياش بىرلە ئايرىلدىم،
كى پەرۋانە بولۇپ ئەرتە، ھەمەن چۆرەڭدە ئايلاندىم،
ئېگىز تاغلار، يامان چۆللەر، ئۇلۇق سەللەر ئارا كەزدىم،
رابىئە ئىشقىدا كۆيگەن، سەئدىتەك مەن ساڭا ياندىم.

ئۇن ئىككى يىل سېنىڭ دەردىڭدە بىر دىۋانە بولدۇمەن،
جاھانغا تەلمۈرۈپ ھەردەم گويا ئەپسانە بولدۇمەن،
ئۈمۈت ئۈزگەندە مەن سەندىن گويا بىگانە بولدۇمەن،
ئۈمۈت كەلگەندە بىر يولۋاس كەبى مەردانە بولدۇمەن.

غېرىبلىقتا سېنىڭ ئاتلىق خىيالىڭ ئىدى يولداشىم،
سېنىڭ دەردىڭ، سېنىڭ قايغۇڭ ھەمىشە ئىدى يولداشىم،
ساڭا خاستى مېنىڭ كۆڭلۈم، ئاقاتتى قىپ - قىزىل ياشىم،
ئېيتقىنى سۆزلىگەن ھەركىم ئىدى جان دوست قېرىنداشىم.

ئۇيقۇمىزمۇ يا، چۈشىمىزمۇ يا، ساڭا كەلدىمىزمۇ ئەي يۇرتۇم،
بۇ سەنمۇ، يا خىيالمۇ بۇ، ئېزىپ كەتتىمىزمۇ ئەي يۇرتۇم،
ۋە يا ئۆلمەي تىرىلىپ جەننەت، ئارا كىردىمىزمۇ ئەي يۇرتۇم،
نە بولسا ئاھ، قۇچاقىڭ ئىچرە بىر كىردىمىز ئەي يۇرتۇم.

مېنى باغرىڭغا باس ئەمدى، يېتەر كەتسۇن قارا كۈنلەر،
تاڭ ئاتسۇن ئەمدى يىللارچە، داۋام ئەتكەن ئۇزۇن تۈنلەر،
قولۇمغا تۇت قويۇپ بەرمە، كېرەك لەيلاغا مەجنۇنلار،
ئاشۇرغاي رابىيە ھۆسنىنى ئىشقى بىرلە سەدىنلەر.

ئۇلۇق مىللەت، ئەزىز يۇرتداشلىرىم سىزنى سالالايمەن،
ئۇلۇق مېھرىبان ئاتا، ئانا سىزنى سالالايمەن،
قېرىنداش ھەم دوست يۇرادەرلەر مۇھەببەتتە سالالايمەن.
سۆيۈملۈك قىزلىرىم، ئوغلانلىرىم سىزنى سالالايمەن.

نېچۈك ئۆتتى سېنىڭ ھالىڭ قارا كۈنلەردە، ئەي مىللەت،
نېچۈك تاڭ يۈزىنى كۆردۈڭ ئۇزۇن تۈنلەردە، ئەي مىللەت،
نېچۈك جان قۇتقۇزۇپ قالدىڭ ئۇ تۈنتۈنلەردە، ئەي مىللەت،
نېچۈك قالدىڭ سالامەت سەن، ئۇ بوزغۇنلاردە، ئەي مىللەت.

مىللەت بىر قاش تېشى ئوخشاش، قالۇر دەريادا ھەر دائىم،
كىلۇر ئۈستىگە بىر سەللەك، يەنە كەتكۈسىدۇر زالىم،
مىللەتنىڭ بارلىقىنى يوق قىلالماس زۇلۇم بىلەن ھېچكىم،
زۇلۇم يوق بولغۇسىدۇر، بولغۇسى ئاخىردا ھەق ھاكىم.

كۆرەش مىللەت، ئۆزۈڭ قايغۇر، ئۆزۈڭ ئىشلە، ئۆزۈڭ بار بول،
ۋەتەننى سۆي ھەمىدە مىللەتنى، ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە غەمخور بول،
ساڭا ئوق كۆز بىلەن باققان ھۆكۈمەتكە ۋاپادار بول،
بىرىپ ئىشلە ئىشىڭنى ھەر قەدەم ئالقاندا ھۇشيار بول.

ئۇلۇق مىللەت، ئەزىز مىللەت ئىچىڭگە ئال بۇ بۇغرانى،
ئىشىكتە تۇرغۇزۇپ خىزمىتىڭگە سال بۇ بۇغرانى،
ئىزىلدى كۆپ پىراقىڭدا، مەن ئېلىپ قال بۇ بۇغرانى،
قۇتۇلدۇر ئۇشبۇ غۇربەتتىن، ئەيلىگىن خوشھال بۇ بۇغرانى.

("ئالتاي" ژۇرنىلى و-سان، 1940-يىلى، چۆچەك.)

# ئاڭلا جاھان زارىمنى

(سىتنىسا لوقمان دەشەمشات)

جانجان ئانا ۋەتەننىڭ «تۈركىستان» دەپ نامىدۇر،
باغرىغا تولغان پەۋەس بۇلبۇل گويا رەيھانىدۇر،
قوينى كەڭ، دۇنياغا داڭلىق ئالتۇن - گۆھەرنىڭ كانىدۇر،
تاغلىرى بايلىققا تولغان، تاشلىرى دۇردانىدۇر.
باغلىرى بېھىش مىسالى جەننەتۇل - رىزۋانىدۇر.

شۇ زېمىننى ئەر تۆكۈپ قىلغان بىنا ئەجدادىمىز،
بەختىيار ھۆر ياشىغاي دەپ بىزدىن كېيىن ئەۋلادىمىز،
بولغاچقا يار شانلىق مىراس، ھېكمەتكە باي جەڭگاھىمىز،
قۇدرەتكە باي قىلماق ۋەتەننى ئەڭ ئۇلۇق مۇرادىمىز.
باغۋەنى بۇ گۈل ماكانىنىڭ مەرد ئەر قىز - ئوغلانىدۇر.

ئاھ... لېكىن، چەتتىن كېلىپ ساتقىنلىغان ئاچ ياۋۇز،
نەپسى تويماس قانخورلار، قىلمىشلىرى بەكمۇ ياۋۇز،
قاپلىدى جەننەت ماكاننى ئاچقۇزمايىن دۇنياغا كۆز،
باشلىدى دەھشەت زۇلۇم، ئالدامچى، كاززاپ، قارا يۈز،
كۆيگىنى ئەل بېشىدا دوزاق ئوتى، كۈلخانىدۇر.

«بىز ساڭا بەردۇق بەخت» دەپ قان - ئىسلىكنى شورىدى،
ھۆكۈمران بوپ بېشىمىزدا گۆشىمىزنى قورىدى،
ھەر نەپەس قاپقان قۇرۇپ، ھەقنىڭ يولىنى تورىدى،
سۆزلىسەك تىلىڭنى كېسىپ زەنجىر - كىشەنگە ئورىدى،
سۆيسەكىم ئەل - يۇرتنى، ياتقان يېرى زىنداندۇر!

شۇم ئاياق باسقا ئەللەر «بۇ كەڭ زېمىن بىزنىڭكى» دەپ،
بارچە بايلىق، تاغۇ - تاشلار ئەسلىدە بىزنىڭكى دەپ،
ئاققۇزۇپ كەتتى نېفىتنى دەريا قىلىپ بىزنىڭكى دەپ،
بىز خوجا، سەن قول ئەبەت، تاجۇ - تەخت بىزنىڭكى دەپ،
داغلىدى ئوتتا يۈرەكنى، يازسام تۈمەن داستانىدۇر!

لەختە قان بولدى يۈرەك كەلەر مەلئۇنغا قالغاچ باغلىنىپ،
قانچە تۇتقان، جان قېرىنداش كەتتى ۋەتەندىن ئايرىلىپ،
قانچىسى چۆللەردە قالدى، سۇنغاچ قانات قايرىلىپ،
خارۇ - زار بولدۇق ھەجەپ بىز باشپاناسىز تاشلىنىپ،
كۆزىمىز ياشلاندى دەرتتىن، ھالىمىز ۋەيرانىدۇر!

ئەرز ئېيتەي ساڭا، ئاڭلا جاھان زارىمنى سەن،
ئەي مۇسۇلمان جان قېرىنداش كۆرگىن مانا ھالىمنى سەن،
بەر قولۇڭنى، كۆزگە سۈرتەي، ئاچقىن ماڭا باغرىڭنى سەن،
بىزنى ھۆر قىلماق ئۈچۈن چەككىن كۆڭۈل تارىڭنى سەن،
بىزنى خار قىلغان رەقىپنىڭ ئاخىر ئۆزى گۆمرانىدۇر!




تۈرك دۇنياسى